# قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقىرى سۈپەتلىك دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلايلى

## —— 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىدا دۇنيا ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە سودا مەسىلىسى توغرىسىدا قىلىنغان سۆز

(2019 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، دابەن)

### جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

ھەرقايسى خىزمەتداشلار:

كۆپچىلىك بىلەن دابەندە جەم بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بېرىپ ئون يىلدىن كېيىن، دۇنيا ئىقتىسادى يەنە بىر قېتىم تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قالدى. قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىك سىجىل يامراپ، سودا ۋە سېلىنما تالاش - تارتىشى كەسكىنلىشىپ، يەر شارىۋى كەسىپلەر ۋەزىيىتى ۋە پۇل مۇئامىلە مۇقىملىقى زەربىگە ئۇچراپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئايلىنىش خەۋپ - خەتىرى ۋە ئېنىقسىزلىقى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، خەلقئارا مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئىشەنچى روشەن كەمچىل بولدى.

20 دۆلەت گۇرۇھى خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتىكى ئاساسلىق مۇنبەر. دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ رەھبەرلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتتە دۇنيا ئىقتىسادى ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەش، بازار ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، خەلققە ئۈمىد ئېلىپ كېلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار.

**—— بىز ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك.** ئىقتىسادىي ئايلىنىشنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بار. ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۈنئىي توسالغۇلارنى تۈگەتكەندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىپ، سودىنى راۋانلاشتۇرۇش، ھەممە كەسىپنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**—— بىز تەرەققىيات زور ۋەزىيىتىنى ئىگىلىشىمىز كېرەك.** قەدىمدىن ھازىرغىچە، ئىنسانلارنىڭ بېكىنمە ھالەتتىن ئېچىۋېتىشكە، ئايرىلىپ تۇرۇشتىن يۇغۇرۇلۇشقا يۈزلىنىشى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان دەۋر ئېقىمى بولۇپ كەلدى. بىز تېخىمۇ زور ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىيات پۇرسىتىگە قۇچاق ئېچىپ، تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىق ئارقىلىق ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك.

**—— بىز ئورتاق كەلگۈسىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈشىمىز كېرەك.** دۇنياغا نەزەر سالساق، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئاللىقاچان جانجان مەنپەئەتتە ئۆزئارا باغلانغان، تەقدىرى ئۆزئارا باغلانغان. بىز مەۋقەنى ئورتاق مەنپەئەتكە قويۇپ، يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى كۆزلەپ، دۇنيانىڭ ئۇزاق تىنچلىقى، گۈللىنىشى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىپ، بىر مەھەل يىراقنى كۆرەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئورنىغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان تارىخىي خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

مەن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەكلىپ بېرىشنى خالايمەن.

**بىرىنچى، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قېزىش كېرەك.** دۇنيا ئىقتىسادى يېڭى - كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىش مەزگىلىگە كىردى. بىز باشلىنىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق، كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كەسىپ قۇرۇلمىسى، سىياسەت رامكىسى، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئۈنۈمى ۋە ئېلاستىكلىقىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بىز يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان تارىخىي پۇرسەتنى تۇتۇپ، پايدىلىق بازار مۇھىتى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى ھۆرمەتلىشىمىز، قوغدىشىمىز، ئىلھاملاندۇرۇشىمىز كېرەك. بىز خەلقئارا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ، رايون چەكلىمىسى ۋە سۈنئىي قاشادىن ھالقىپ، يەر شارىۋى ئەقىل - پاراسەتنى مۇجەسسەملەپ، ئورتاق خاراكتېرلىك قىيىن مەسىلىلەرنى يېڭىپ، يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ، تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە خەلققە نەپ يەتكۈزۈشىمىز كېرەك.

**ئىككىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** نۆۋەتتە، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كېلىپ، بىزگە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش دەۋر تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 20 دۆلەت گۇرۇھى يېتەكچىلىك رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان، تەڭپۇڭ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بىز كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قارىتا زۆرۈر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى ئۆزىنىڭ بازارنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي مەقسىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. ئىسلاھاتنىڭ نەتىجىسى ئەركىن سودا ۋە كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداشقا پايدىلىق بولۇشى، تەرەققىياتتىكى ھاڭنى تارايتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەلگۈسى يەر شارىۋى سىستېما خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە خەۋپ - خەتىرى خىرىسىغا يۈزلىنىپ، بىز پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىك تورى بايلىقىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپلا قالماي، يەنە خەلقئارا پۇل مۇئامىلە قۇرۇلمىسىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ رېئال ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ، ئادىللىققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، خىرىس ۋە كرىزىسقا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قارىتىملىقى ۋە ئۈنۈمدارلىقىغىمۇ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز يەنە كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېنېرگىيەنى ئىدارە قىلىش، مۇھىتنى تۈزەش، رەقەملىك ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

**ئۈچىنچى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك.** بۈگۈنكى دۇنيا دۇچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەر، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ھەممىسى تەرەققىيات ھېڭى، تەرەققىيات قىزىل رەقىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەر شارىۋى دائىرىدىن قارىغاندا، تەرەققىيات ساھەسى يەنىلا غايەت زور مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوچۇقىغا دۇچ كەلمەكتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. جۇڭگونىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسىتى تېخىمۇ كۆپ بايلىقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش رىشتىسىنى چىڭىتىپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، بازارنى ئۆزئارا ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە رايوننى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىغا سىڭدۈرۈپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان داغدام يولدا ئورتاق مېڭىشتىن ئىبارەت. 2 - نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىشى شۇنى بىلدۈردىكى، بۇ تەشەببۇس ئەلرايىغا ياقىدىغان، ئېقىمغا ماسلاشقان ياخشى ئىش بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. 20 دۆلەت گۇرۇھى داۋاملىق ھالدا تەرەققىياتنى ماكرو ئىقتىسادىي سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشتا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تەرەققىيات سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق تەرەققىيات ھەمكارلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. بۇ، ھەم كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئارزۇسىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس، ھەم دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا سىجىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قوشىدۇ.

**تۆتىنچى، ھەمراھلىق روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.** 20 دۆلەت گۇرۇھى ئەزالىرىغا ئاساسلىق تەرەققىي قىلغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ئىقتىسادىي گەۋدىلىرى توپلانغان بولۇپ، ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى دۇنيانىڭ 90%كە يېقىنىنى ئىگىلەيدۇ. بىز ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز، بەزى مەسىلىلەردە مەنپەئەت پەرقى ۋە كۆز قاراش ئىختىلاپلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ناھايىتى نورمال. ئاچقۇچ ھەمراھلىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئىشىنىش پوزىتسىيەسى بىلەن باراۋەر كېڭىشىش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئىختىلاپلارنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئورتاق تونۇشنى كېڭەيتىشتە. چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ناۋادا بۇ نۇقتا ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغىمۇ پايدىلىق.

ھەرقايسى خىزمەتداشلار!

نۆۋەتتە، جۇڭگو ئىقتىسادى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئۇدا كۆپ يىل 6%تىن يۇقىرى بولغان مۇۋاپىق ئارىلىقنى ساقلىدى. بىز يېقىنقى مەزگىلدە قوللانغان تەدبىرلەر ئاساسىدا، بىرقانچە مۇھىم، زور تەدبىرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز.

**بىرىنچى، بازارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىمىز.** بىز يات ئارىدا 2019 - يىل نۇسخىسىدىكى تاشقى مەبلەغ ئىجازەتنى پاسسىپ تىزىملىكنى ئېلان قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، كانچىلىق، ياسىمىچىلىق، مۇلازىمەتچىلىكنى ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىمىز. يېڭىدىن ئالتە ئەركىن سودا سىناق رايونى تەسىس قىلىمىز، شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ يېڭى تارماق رايونىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىمىز، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇساپىسىنى تېزلىتىمىز.

**ئىككىنچى، ئىمپورتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىمىز.** بىز تاموژنا بېجى سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆز ئالدىمىزغا تۆۋەنلىتىپ، غەيرىي تاموژنا بېجى سودا توسۇقىنى تىرىشىپ يوقىتىپ، ئىمپورت ھالقىسىدىكى تۈزۈم خاراكتېرلىك تەننەرخنى زور ھەجىمدە كېمەيتىمىز. 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى ياخشى ئۆتكۈزىمىز.

**ئۈچىنچى، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلايمىز.** بىز كېلەر يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇن - تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشتىكى جازالاش خاراكتېرلىك تۆلەم تۈزۈمىنى كىرگۈزۈپ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى ئەدلىيەلىك قوغداش ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز.

**تۆتىنچى، باراۋەر مۇئامىلىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويىمىز.** بىز تاشقى مەبلەغ ئىجازەتنى پاسسىپ تىزىملىكىدىن باشقا چەكلىمىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرىمىز. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىنكى باسقۇچتا، جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تۈرلۈك كارخانىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئوخشاش كۆزدە قاراپ، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئەرز - شىكايەت مېخانىزمىنى ئورنىتىمىز، مۇكەممەللەشتۈرىمىز.

**بەشىنچى، ئىقتىساد - سودا سۆھبىتىگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىمىز.** بىز رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىنىڭ بالدۇرراق ھاسىل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا سېلىنما كېلىشىمى سۆھبىتىنى تېزلىتىمىز، جۇڭگو - ياپونىيە - كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى سۆھبىتى مۇساپىسىنى تېزلىتىمىز.

جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يولىدا ياخشى مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىشەنچى بار.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

باشلىقلار يىغىنى باشلىنىشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشقان باشقا رەھبەرلەر بىلەن تەرتىپ بويىچە يېتىپ كېلىپ، ياپونىيە باش ۋەزىرى ئەنبېي جىنسەننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى.

شۇ جاي ۋاقتى چۈشتە، باشلىقلار يىغىنى باشلاندى. ئەنبېي جىنسەن رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم شى جىنپىڭنى يېتەكلەش خاراكتېرلىك سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بېرىپ ئون يىلدىن كېيىن، دۇنيا ئىقتىسادى يەنە بىر قېتىم تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قالدى. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتتە دۇنيا ئىقتىسادى ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلەش، بازار ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، خەلققە ئۈمىد ئېلىپ كېلىش مەسئۇلىيىتى بار. بىز ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، بازارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشىمىز كېرەك؛ تەرەققىيات زور ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ، تېخىمۇ چوڭ ئېچىۋېتىش ئارقىلىق تەرەققىيات پۇرسىتىگە قۇچاق ئېچىپ، تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىق ئارقىلىق ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى كۆزلەپ، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىنى توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلىشىمىز كېرەك؛ ئورتاق كەلگۈسىنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ، مەۋقەنى ئورتاق مەنپەئەتكە قويۇپ، يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتنى كۆزلەپ، دۇنيانىڭ ئۇزاق تىنچلىقى، گۈللىنىشى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، خۇشال - خۇرام ئىشلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ تۆۋەندىكى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قېزىش كېرەك. بىز قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، رەقەملىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي كاپالەت تەدبىرلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. پايدىلىق بازار مۇھىتى بەرپا قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشنى ھۆرمەتلەپ، قوغداپ، ئىلھاملاندۇرۇپ، خەلقئارا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىز كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قارىتا زۆرۈر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى ئۆزىنىڭ بازارنى ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي مەقسىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. پۇل مۇئامىلە بىخەتەرلىك تورى بايلىقىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز، شۇنداقلا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە قۇرۇلمىسىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېنېرگىيەنى ئىدارە قىلىش، مۇھىتنى تۈزەش، رەقەملىك ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك. جۇڭگونىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسىتى تېخىمۇ كۆپ بايلىقنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش رىشتىسىنى چىڭىتىپ، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، بازارنى ئۆزئارا ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ دۆلەت ۋە رايوننى ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىغا سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. 20 دۆلەت گۇرۇھى داۋاملىق ھالدا تەرەققىياتنى ماكرو ئىقتىسادىي سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشتا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، تەرەققىيات سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

تۆتىنچى، ھەمراھلىق روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئاچقۇچ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا ئىشىنىش پوزىتسىيەسى بىلەن باراۋەر كېڭىشىش، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش، ئىختىلاپلارنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، ئورتاق تونۇشنى كېڭەيتىشتە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۆۋەتتە، جۇڭگو ئىقتىسادى مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرقانچە مۇھىم، زور تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز.

بىرىنچى، بازارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېچىۋېتىمىز. بىز يات ئارىدا 2019 - يىل نۇسخىسىدىكى تاشقى مەبلەغ ئىجازەتنى پاسسىپ تىزىملىكنى ئېلان قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، كانچىلىق، ياسىمىچىلىق، مۇلازىمەتچىلىكنى ئېچىۋېتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىمىز. يېڭىدىن ئالتە ئەركىن سودا سىناق رايونى تەسىس قىلىمىز، شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى يېڭى تارماق رايونىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىمىز، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش مۇساپىسىنى تېزلىتىمىز.

ئىككىنچى، ئىمپورتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كېڭەيتىمىز. بىز تاموژنا بېجى سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆز ئالدىمىزغا تۆۋەنلىتىپ، غەيرىي تاموژنا بېجى سودا توسۇقىنى تىرىشىپ يوقىتىپ، ئىمپورت ھالقىسىدىكى تۈزۈم خاراكتېرلىك تەننەرخنى زور ھەجىمدە كېمەيتىمىز. 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنى ياخشى ئۆتكۈزىمىز.

ئۈچىنچى، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلايمىز. بىز كېلەر يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سېلىش قانۇن - تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىشتىكى جازالاش خاراكتېرلىك تۆلەم تۈزۈمىنى كىرگۈزۈپ، ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى ئەدلىيەلىك قوغداش ۋە جىنايى ئىشلار بويىچە قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز.

تۆتىنچى، باراۋەر مۇئامىلىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويىمىز. بىز تاشقى مەبلەغ ئىجازەتنى پاسسىپ تىزىملىكىدىن باشقا چەكلىمىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرىمىز. ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىنكى باسقۇچتا، جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە رويخەتكە ئالدۇرۇلغان تۈرلۈك كارخانىلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىپ، ئوخشاش كۆزدە قاراپ، تاشقى مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ ئەرز - شىكايەت مېخانىزمىنى ئورنىتىمىز، مۇكەممەللەشتۈرىمىز.

بەشىنچى، ئىقتىساد - سودا سۆھبىتىگە زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولىمىز. بىز رايون ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمىنىڭ بالدۇرراق ھاسىل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا سېلىنما كېلىشىمى سۆھبىتىنى تېزلىتىمىز، جۇڭگو - ياپونىيە - كورېيە ئەركىن سودا كېلىشىمى سۆھبىتى مۇساپىسىنى تېزلىتىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يولىدا ياخشى مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق قۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ئىشەنچى بار.

يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر دۇنيا ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى، سودا، سېلىنما، يېڭىلىق يارىتىش، رەقەملىك ئىقتىساد قاتارلىق قارالمىلارنى مۇزاكىرە قىلدى. نۇرغۇن رەھبەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دۇنيا ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن خەۋپ - خەتەر ۋە مۇقىمسىزلىق روشەن ئاشتى، يەككە تەرەپچىلىك ۋە قورۇقچىلىق ئېلىپ كەلگەن ئېغىر خەۋپ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەر پىكىرلىشىش، سۆزلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى ساقلاپ، ماكرو سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، ئېنېرگىيە، مائارىپ، مۇھىت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قارىتا زۆرۈر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك. يىغىنغا قاتناشقان نۇرغۇن رەھبەر يەنە مۇنداق بىلدۈردى: قورۇقچىلىققا ئورتاق قارشى تۇرۇپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى قوغداپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇپ، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تەڭپۇڭ، سىغدۇرۇشچان ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە نەپ يەتكۈزۈش كېرەك.

باشلىقلار يىغىنى باشلىنىشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ يەنە رەقەملىك ئىقتىساد ئالاھىدە يىغىنىغا قاتناشتى ھەم ئەنبېي جىنسەننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بىرىنچى بولۇپ سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نۆۋەتتە، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى كۈنسېرى يېڭىلىنىپ، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قىياپىتىنى چوڭقۇر قايتا بەرپا قىلىۋاتىدۇ. بىز ئادىل، ھەققانىي بولغان، كەمسىتىش بولمىغان بازار مۇھىتى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ تەرەققىياتنى يولغا قويۇشقا بولمايدۇ، بازارغا سۈنئىي كاشىلا قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ؛ سانلىق مەلۇماتلارنى ئىدارە قىلىش قائىدىسىنى ئورتاق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سانلىق مەلۇماتلاردىن بىخەتەر، تەرتىپلىك پايدىلىنىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك؛ رەقەملىك ئىقتىساد بىلەن ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، رەقەملىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك؛ رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، رەقەمدىكى ھاڭنى تولدۇرۇشىمىز كېرەك. رەقەملىك ئىقتىساد چوڭ دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو خەلقئارا ھەمكارلىققا پائال قاتنىشىپ، بازارنى ئېچىۋېتىشنى ساقلاپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى خالايدۇ.

لىۋ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.